# جۇڭگونىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىك تۈزۈم ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ دەۋر دولقۇنىدا تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك پىكىر يۈرگۈزدى: دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىشىدا نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؟

بۇ مۇھىم كۆرسەتمە ئومۇمىي يىغىن ئۈچۈن توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي رىتىمنى بېكىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارارى»غا سىڭدۈرۈلگەن قىزىل سىزىق بولۇپ قالدى.

«مەن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارلىرى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندىم، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلىدىم.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇمىي يىغىن ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا، ئومۇمىي يىغىن قارارلىرىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلىدى.

زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جەزمەن جاۋاب بېرىدىغان دەۋر تېمىسى ——

«ئېھتىمال يەنە 30 يىل ۋاقىتتا، بىز ئاندىن ھەرقايسى جەھەتتە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن، تېخىمۇ تۇراقلاشقان تۈزۈم شەكىللەندۈرەلەيمىز.» يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992 ـ يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە بۇ ئىستراتېگىيەلىك نىشاننى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ يىلى ئېچىلغان پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بۇ يىغىن دوكلاتىغا تەنتەنىلىك يېزىپ كىرگۈزۈلدى ھەم «پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بولغاندا» دېگەن ۋاقىت جەدۋىلى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى پارتىيەنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتايلىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنلىرىدا بۇ ۋەزىپە يەنىمۇ تەكىتلەندى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشى داۋامىدا، بۇ مۇقەددەس بۇرچ تارىخىي يوسۇندا يولداش شى جىنپىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىكىدىكى زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك، ۋاقىت تۇغۇنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، بۇ مۇھىم، زور تېمىنى سىستېمىلىق رەتلەپ، يەكۈنلەپ، جاۋاب بېرىش زۆرۈر.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ لوگىكىلىق يەشىمىسى ——

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنىڭ دەۋر كوردىناتىدا، «ئىككى 15 يىل»لىق ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى: 2020 ـ يىلدىن 2035 ـ يىلغىچە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ 2035 ـ يىلدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىلىدۇ. ئىككى باسقۇچلۇق ۋەزىپىگە نەزەر سالساق، ھەممىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور تېمىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ تەلىپى ——

ئالتە يىل ئىلگىرى، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا تۇنجى قېتىم: «ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ باش نىشانى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش نۇرغۇن يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى تېخىمۇ ئېغىر. يېڭى دەۋردە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى پىلانلاشتا، جەزمەن دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ۋە دەۋر ئېقىمىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، دۆلەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

مىللەتنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ——

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتقاندا، «ئىككى 100 يىل»نىڭ تارىخىي كېسىشىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقاندا، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، توختىماي كۈرەش قىلىپ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان بىر سىياسىي پارتىيە، ئىرادىسىدىن يانماي مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بىر سىياسىي پارتىيە، جاھاننى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئەسىر پىلانى تۈزۈشكە ماھىر بىر سىياسىي پارتىيە مۇقەررەر ھالدا كېيىنكى 70 يىلدا بىز قانداق قىلىمىز، كەلگۈسى 100 يىللىق پىلاننى قانداق تۈزىمىز، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە تۇتىشىدىغان يولنى قانداق قىلغاندا ماڭغانسېرى تېخىمۇ كېڭەيتكىلى بولىدۇ؟ ئۈستىدە ئويلىنىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «پارتىيەمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن ئىرادە تىكلەشتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە سىجىللىقىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىياتچانلىقى ۋە يېڭىلىق يارىتىشچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۇزاقىچە گۈللىنىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇستەھكەم ھەم ئۇزاققىچە تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك».

بىر دۆلەتنىڭ قانداق تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاللىشى شۇ دۆلەتنىڭ تارىخىي ۋارىسلىقى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيەسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى جۇڭگونىڭ كەڭ، بىپايان مۇنبەت تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ توپلىغان مەدەنىيەت ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئىنسانىيەتنىڭ تۈزۈم مەدەنىيلىكىدىكى پايدىلىق نەتىجىلەرنى ئۆرنەك قىلغان بولۇپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى ۋە تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن، چوڭقۇر تارىخ لوگىكىسى، نەزەرىيە لوگىكىسى، ئەمەلىيەت لوگىكىسىغا ئىگە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغىنىغا 100 يىلغا يېقىن بولدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىنىغا 70 يىل بولدى، دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى.

دۇنياغا نېمە بولدى، دۇنيا قاياققا بارىدۇ. ئېنىقسىزلىقتا تولغان كەلگۈسى ئالدىدا، دۇنيا جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىغا تېخىمۇ دىققەت قىلماقتا.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىدە تۇرۇۋاتقاندا، بىز دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىشدا نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور مەسىلىگە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق باسقۇچتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ دەل پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئورنى، شۇنداقلا ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى.

## يۈنىلىشنى پۇختا ئىگىلەش دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش

**—— ئومۇمىي يىغىن «قارار»نى تەييارلاش خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىپ، سىستېمىلىق ئويلىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش داۋامىدا ئالغا سىلجىتىلدى**

«پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۆججەت تەييارلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تارىخ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ياخشى ھۆججەت چىقىرىشىمىز كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىلا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئومۇمىي يىغىننىڭ ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى ئۈستىگە ئالدى.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇمىي يىغىننىڭ ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 200 نەچچە كېچە ـ كۈندۈزدە، ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نى تەييارلاش خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى.

ئىككى قېتىم ئومۇمىي يىغىن ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىش، تۆت قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىش، ئىككى قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىش، سانسىز قېتىم ھۆججەت تېزىسىنى كۆرۈپ چىقىپ، تەكشۈرۈپ تۈزىتىش؛ تېزىس رامكا لايىھەسىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە يوللانغان تېزىسقىچە، يۇقىرىغا يوللانغان ھەربىر تېزىسنىڭ ھەممىسنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىش، تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇش... باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نى تەييارلاش خىزمىتىگە نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

يۈنىلىشنى ئىگىلەش ——

ئومۇمىي يىغىن قارارلىرىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت خاراكتېرى ۋە خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ تەكىتلەش... باش شۇجى شى جىنپىڭ تارىخ ۋە رېئاللىق، ھازىر ۋە كەلگۈسى، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتىن چىقىش قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نى تەييارلاش خىزمىتىنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

پرىنسىپنى بېكىتىش ——

باش شۇجى شى جىنپىڭ قايتا ـ قايتا مۇنداق تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نى ياخشى تەييارلاشتا، بىرىنچىدىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت بۇ باش تېما، ئاساسىي لىنىيەنى توغرا ئىگىلەش كېرەك، ئىككىنچىدىن، چوڭ باھالاش سىستېمىسىدىن تۈزۈمنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەۋزەل ـ ئەۋزەل ئەمەسلىكىنى كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۈچىنچىدىن، نۇقتىلىق ھالدا نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئېنىق سۆزلەش كېرەك.

مۇھىم نۇقتىنى سىزىش ——

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا تەتقىق قىلىنىدىغان قارارلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تىرەك بولۇۋاتقان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، تۈزۈممىزنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق شەرھلەپ، باش تېمىنى چىڭ كۆزلەپ يېڭى ئورۇنلاشتۇرما ۋە ئاچقۇچلۇق تەدبىرلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلارمۇ ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارارى»نى تەييارلاش خىزمىتىنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئېنىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىر ياخشى ھۆججەت تەييارلاش ئۈچۈن جەزمەن تىرىشىپ ئىدىيەۋى نەزەرىيە ساپانى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ پارتىيەمىزنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

ئىللىق باھاردىن يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىگىچە، يەنە كۈز پەسلىنىڭ تەدرىجىي كىرىشىگىچە، ئومۇمىي يىغىن ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلىرى، سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ، ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ تەتقىقات ـ مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى.

نەچچە ئون ھۆججەت تاللانمىلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، قايتا ـ قايتا سىزدى، بەزىلىرىنىڭ بەت بۇرجىكىنى قاتلاپ قويدى، بەزىلىرىگە كىچىك ۋاراقچىلارنى قىستۇرۇپ قويدى، تۈرلۈك خاتىرە، بەلگىلەر ئىجىر ـ مىجىر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆگىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ دەلىللەش، مۇھاكىمە قىلىپ ئۆچرىشىش، تەييارلاش ـ تۈزىتىش... ئومۇمىي يىغىننىڭ ھۆججىتى قايتا ـ قايتا سىلىقلىنىشتۇرۇش، ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش داۋامىدا تەدرىجىي شەكىللەندى.

بىر ياخشى ھۆججەت تەييارلاشتا، جەزمەن دېموكراتىيەنى، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىش كېرەك. ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نى تەييارلاش جەريانى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پارتىيە ئىچىدە مەلۇم دائىرىدە مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارلىرى توغرىسىدا كەڭ دائىرىدە پىكىر ۋە تەكلىپ ئالدى.

20 نەچچە كۈندە، 109 پارچە پىكىر ۋە تەكلىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن توپلىنىپ كەلدى. ئومۇمىي يىغىن ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسى 540 مىڭ خەتلىك ئومۇملاشتۇرۇلغان نۇسخىنى رەتلەپ چىقتى ھەم ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلاتنى شەكىللەندۈردى. پارتىيە ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى، دۇنيا ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تەپەككۈرى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەندى.

بەش ئاي جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئومۇمىي يىغىن «قارارى»غا پىكىر ئېلىش نۇسخىسى مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە ھەرقايسى رايونلارغا تارقىتىلىپ، پارتىيە ئىچىدە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىندى. پارتىيە ئىچىدىكى پېشقەدەم يولداشلارمۇ ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىغا پىكىر بەردى.

باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش، ئۆزئارا سەممىي بولۇش. 4 ـ ئايدىلا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ باش تېمىسى توغرىسىدا پىكىر ئېلىشنى ھاۋالە قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىغا بەرگەن پىكرىنى ئاڭلىدى. يىغىنغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار نۇرغۇن قىممەتلىك، ئاقىلانە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

كەڭ قورساق، سىغدۇرۇشچان بولغاندىلا زورىيىش بولىدۇ. ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىغا قارىتا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەر جەمئىي 1948 پارچە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوبۇل قىلىش» —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئومۇمىي يىغىننىڭ ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسى ھۆججەتنىڭ 283 يېرىنى كۆپەيتىپ يازدى، ئۆزگەرتىپ يازدى، يېزىقنى پىششىقلىدى، ئىخچاملىدى، 436 پارچە پىكىر ـ تەكلىپنى قايلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ كۈچى سەپەرۋەر قىلىنغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەنگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى(مۇزاكىرە نۇسخىسى)» ئومۇمىي يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

تۆت كۈنلۈك ئومۇمىي يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارار(مۇزاكىرە نۇسخىسى)»غا بېرىلگەن ئىزاھاتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يىغىننىڭ باش تېمىسىنى چىڭ ئىگىلەپ چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلدى ھەم ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارار» نۇسخىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى. 1 ـ قېتىملىق مۇزاكىرىدە، ئومۇمىي يىغىننىڭ ھۆججىتىنى تەييارلاش گۇرۇپپىسى 227 پارچە قايتما ئىنكاس پىكرىنى تاپشۇرۇۋالدى. مۇشۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن، ئومۇمىي يىغىن «قارارى(مۇزاكىرە نۇسخىسى)»نىڭ 45 يېرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئومۇمىي يىغىن «قارارى» نۇسخىسىنى يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى ھەم تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇلىدىغان «قارار» نۇسخىسى ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا يەنە بىر قېتىم تاپشۇرۇلدى. ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ ئوقۇش، تەتقىق قىلىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، قىزغىن مۇزاكىرە قىلىش... يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن، يەنە بەزى تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇمىي يىغىندا يەنە بىر قېتىم «قارار» نۇسخىسىنىڭ تۆت يېرىگە مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

پىكىر ئېلىش، قاراپ چىقىش، مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا، مۇھىم، زور ھۆكۈم، مۇھىم تەدبىرلەردىن ئاچقۇچلۇق سۆزلەر، مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشكىچە، ھەر قېتىم ئېلىنغان پىكىرلەر سىستېمىلىق رەتلەندى، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىندى، تولۇق قوبۇل قىلىندى ——

ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەندى، سۆز ـ جۈملىلىرى ۋەزنىلىك بولدى. ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ يېزىش ئۇسلۇبى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

دىققەت تۈزۈم، ئىدارە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ھەربىر قىسمىنىڭ باش بۆلىكى ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ بېكىتىلدى؛ كېيىنكى بىر قانچە ماددىدا نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئېنىق ئېيتىلىپ، تۈزۈم، سىياسەت، فاڭجېنلار جايىدا سۆزلەندى؛ سىياسىي يەكۈن ئېنىق چىقىرىلدى، پرىنسىپال مەيدان ئىخچام شەرھلەندى... ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نى تەييارلاش، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «مۇھىم، زور مەسىلىلەردە مۇجمەللىك قىلىشقا بولمايدۇ، جەزمەن ئېنىق سۆزلەش كېرەك» دېگەن تەلىپى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئىجرا قىلىندى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنداق قارىدى: ئومۇمىي يىغىن «قارار»ى بايراقنى كۆتۈرۈپ يۆنىلىشنى بەلگىلەيدىغان، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان، كۈچنى مۇجەسسەملەيدىغان ياخشى ھۆججەت، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، مۇقەررەر ھالدا سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك تۈزۈم سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ـ ئۇزاق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش

**—— ئومۇمىي يىغىن «قارارى» مۇقەررەر ھالدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشكە تۈرتكە بولىدۇ**

2019 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ تولۇق تېكىستى ئېلان قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)